

# ئىللىق، قولاي ئۆيگە قايتىش يولى

## ـــ مۇخبىرلارنىڭ ئۈرۈمچى ـ تۇرپان «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» سەپىرىدىن ھېس قىلغانلىرى

**چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ يۆ، ۋاڭ جوۋ**

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ توك تۇمان ھاۋا رايىدا، «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» دەل ۋاقتىدا باشلاندى.

تېخى بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدىلا، ئاپتونوم رايون ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى ـ تۇرپان قوش يۆنىلىشلىك «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈر يول بىرلەشمە ترانسپورتى»نى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ترانسپورت بىخەتەرلىكى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ سەپىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىشنى جاكارلىدى.

پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋا رايى ئالدىدا، يېڭى تەدبىر ئارقىلىق قانداق قىلىپ ترانسپورت بىخەتەرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سەپىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ مۇخبىرلار ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى ۋە تۆمۈريول ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا كېلىپ، «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» ئېلىپ كەلگەن قولايلىقنى پۈتۈن جەريانلىق ھېس قىلدى.

شۇ كۈنى سائەت 11لەر ئەتراپىدا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدا توك تۇمان ھاۋا رايى سەۋەبىدىن كۆرۈش دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە كېچىكىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سائەت 12لەر ئەتراپىدا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى ئۈرۈمچى ـ تۇرپان، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى قوش يۆنىلىشلىك «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى، PN6423 ئۈرۈمچى ـ چۇڭچىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى، PN6246 ئۈرۈمچى ـ جېڭجوۋ نۆۋەتچى ئايروپىلانى، 3U8525 ئۈرۈمچى ـ قەشقەر ئۇچۇش بۆلىكى، HU7744 ئۈرۈمچى ـ قەشقەر ئۇچۇش بۆلىكىدىكى 599 يولۇچى ئوق پويىزغا ئالمىشىپ، تۇرپانغا بېرىپ ئايروپىلانغا ئولتۇردى.

سائەت 13تە، مۇخبىرلار ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلگەندە، يولۇچىلار ئولتۇرغان نەچچە چوڭ ئاپتوبۇس ئەمدىلا ئايرىلغانىدى، كاپالەتلەندۈرۈش خادىملىرىمۇ يولۇچىلارغا ئەگىشىپ تۆمۈريول ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا ماڭدى. T2 ئاۋىئاتسىيە بىناسى ئىچىدە، پورتقا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان يولۇچىلار كۆپ ئەمەس ئىدى، ئايروپىلان كۈتۈش زالى تىنچ ۋە ئىناق كەيپىياتقا تولغانىدى.

تۆمۈريول ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا كەلگەندە، «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» ئوبوروتىدىكى يولۇچىلار تۆمۈريول خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىككىنچى قەۋەتتىكى A1 بېكەتكە كىرىش ئېغىزىدا تەرتىپلىك ئۆچرەتتە تۇرۇپ ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھى يولۇچىلار مۇلازىمەت بۆلۈمى، خەينەن ئاۋىئاتسىيەسى ئاۋىئاتسىيە يەر يۈزى مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، جەنۇب ئاۋىئاتسىيەسى ئاۋىئاتسىيە يەر يۈزى مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى قاتارلىقلاردىكى ئون نەچچە زاپاس خادىمنىڭ تەسەللى بېرىشىدە، ساياھەتچىلەرنىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشتى.

«ئىلگىرى ناچار ھاۋا رايىغا يولۇققاندا، نۆۋەتچى ئايروپىلان دائىم كېچىكتۈرۈلۈپ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئادەمنى تولىمۇ پەرىشان قىلاتتى. بۇ، مېنىڭ تۇنجى قېتىم 'ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى'غا ئولتۇرۇشۇم، گەرچە ئايروپورتتىن ۋوگزالغا بېرىپ، ئوق پويىزغا ئالمىشىپ يەنە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش ئازراق ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنلا ئۆيگە قايتالايدىغانلىقىمدىن يەنىلا ناھايىتى خۇشالمەن» دېدى قەشقەرلىك يولۇچى رۇقىيەم ئەمەر مۇخبىرلارغا. «جاپادىن قورقمايمىز، يولۇچىلارنى بالدۇرراق ئۆيگە قايتقۇزۇش بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمىز.» «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان خەينەن ئاۋىئاتسىيەسى پاي كونترول شىنجاڭ بازىسىنىڭ باش نازارەتچىسى ۋاڭ لىنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدىكى ئون كىشى ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بېرىپ، بۇ قېتىملىق قەشقەرگە ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىكەن.

سائەت 15دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يولۇچىلار C9962 ـ قېتىملىق تۆمۈريول مەخسۇس پويىزىغا چىقتى. «بىزنىڭ پويىز گۇرۇپپىمىز چاغانلىق يولۇچى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان زاپاس توشۇش موتورلۇق گۇرۇپپىسى، پويىز گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىق خادىمى سائەت 13تە يىغىلىپ ئورۇنلىرىغا بېرىپ، يولۇچىلارنى ياخشى پويىزغا ئولتۇرۇش مۇھىتى ۋە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى يولۇچى توشۇش بۆلىكى شەھەر ئارا پويىز ئەترىتى شەھەر 17 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ پويىز باشلىقى شياۋ شياۋ مۇخبىرلارغا.

«بۈگۈن بىز تاكسى، ئاپتوبۇس، پويىزغا ئولتۇردۇق، يەنە ئايروپىلانغا چىقىمىز، كەچتىلا ئۆيگە يېتىپ بارىمىز...» پويىز ئۇچقاندەك ماڭماقتا، چۈگچەكلىك يولۇچى رەن گوجى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بولۇپ ئون نەچچە كىشى بىرلىكتە پويىزدا خۇشال كەيپىياتتا ماڭدى، يەنە يان تېلېفونىدا ئىچكىرى رايونلاردىكى تۇغقانلىرى بىلەن سىندا سۆزلەشتى.

سائەت 16دىن 40 مىنۇتلار ئۆتكەندە، پويىز تۇرپان شىمالىي ۋوگزالىدا توختىدى. يولۇچىلار ۋوگزالدىن چىققاندا، ئاپتوبۇسنىڭ ئۇلارنى ساقلاۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى. تۇرپان ئايرودرومىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يولۇچىلار ئون مىنۇتقا قالمايلا ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولدى. تۇرپان ئايرودرومىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ساۋ لېپاۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى «ياردەمچى ئەسكەر» كۆپەيتىپ ئەۋەتتى، تۇرپان ئايرودرومىنىڭ ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىش پوكىيى ئۈچتىن تۆتكە كۆپەيتىلدى، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش يولىمۇ ئادەتتىكى چاغدىكى بىردىن ئۈچكە كۆپەيتىلدى، يەر يۈزىدە توشۇشتا خىزمەتچى خادىملار كۆپەيتىلدى.

سائەت 18دىن 30 مىنۇتلار ئۆتكەندە، 3U8525 نۆۋەتچى ئايروپىلان ئۇچۇپ ئايرىلدى. شۇ كۈنى «ئاۋىئاتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» ئارقىلىق تۇرپان ئايرودرومىغا يېتىپ كەلگەن تۆت نۆۋەتچى ئايروپىلاندىكى يولۇچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئايروپىلانغا چىقىپ ئايرىلدى.

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى تەمىنلىگەن ئۇچۇردا كۆرسىتىلىشىچە، شۇ كۈنى سائەت 17گىچە، ھاۋا ياخشىلىنىپ، ئايروپورت چوڭ كۆلەملىك نۆۋەتچى ئايروپىلاننى كېچىكتۈرۈش سېرىق رەڭلىك جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى بىكار قىلىپ، ئايروپورتنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك پىلانىدىكى پورتتىن چىقىدىغان 202 نۆۋەتچى ئايروپىلاندىن 97سى ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان، 34ى كېچىكتۈرۈلگەن، بىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئايروپورتتا يولۇچىلارنىڭ چوڭ كۆلەمدە تۇرۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن.

**پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش**

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاۋىئاتسىيە، تۆمۈريول قاتارلىق تارماقلار ـــ

## يۇقۇمنىڭ پائال ئالدىنى ئېلىپ ۋە تىزگىنلەپ، سەپەر بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لىيۇ يى، لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى، تۆمۈريول ئۈرۈمچى ۋوگزالى قاتارلىق قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى نورمال، تەرتىپلىك بولۇپ، ھېلىھەم ئۆيگە قايتىش يولىدىكى يولۇچىلارنى سەممىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ترانسپورت تارماقلىرى ۋە كارخانىلار ۋاقتىدا قوزغىتىپ يولغا قويغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرى ھەربىر يولۇچىنى سەپەردە تېخىمۇ بىخەتەرلىككە ئىگە قىلدى.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن باشلاپ پورتتىن كىرىپ ـ چىققان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ تەكشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خادىملارنى تەشكىللەپ نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، يولۇچىلار بۆلمىسى، ئايروپورت ئاپتوموبىللىرى ۋە يۈك ـ تاق ساقلاش رايونىنى دېزىنفېكسىيە قىلغان، ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ دېرىزىلىرىنى ھەر كۈنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرغان ھەم قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلغان. ئايروپورت جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى ھەر كۈنى قوبۇل قىلغان قىزىغان، گۇمانىي ئاغرىقلارنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىغا قايتما ئىنكاس قىلغان.

مۇخبىرلارنىڭ جەنۇب ئاۋىئاتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە جەنۇب ئاۋىئاتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ھەر كۈنى ئايروپورتتىن چىقىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانى تەخمىنەن 70 نۆۋەت قېتىم بولۇپ، بۇ شىركەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لايىھەسىنى قوزغىتىپ، كۈندىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيە قىلغان، تۈرلۈك قىزىغان يولۇچىلار كۆرۈلگەن نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ئۇچۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قايتىدىن تولۇق دېزىنفېكسىيە قىلغان؛ قىزىغان يولۇچىلار بايقالسا، قەتئىي تۈردە تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى بويىچە مەشغۇلات قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايروپىلان گۇرۇپپىسىغا سەھىيە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بوغچىسى سەپلەپ، زاپاس ماسكا سانىنى كۆپەيتكەن؛ بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ماسكا، پەلەي، دېزىنفېكسىيە قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قاتارلىق تازىلىق بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەرگەن. بارلىق يولۇچىلار بۆلمىسى خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەر كۈنى پورتتىن چىقىشتىن بۇرۇن بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەنگەن؛

شىنجاڭدىكى يولۇچىلار ئېقىم مىقدارى ئەڭ چوڭ پويىز ۋوگزالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۆمۈريول ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى ۋوگزالغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان يولۇچىلار سانى ئالدىنقى بىر نەچچە كۈندىكى يۇقىرى پەللە مەزگىلىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايغان، بىراق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى قىلچە ئاجىزلىمىغان. «بىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىككى ۋوگزالغا قارىتا دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى زورايتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ساياھەتچىلەر ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق.» ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ مۇئاۋىن ۋوگزال باشلىقى ئەنۋەر مۇنداق دېدى: كېچىلىك يولۇچىلارنى يولغا سېلىش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىزمەتچى خادىملىرىمىز پويىز كۈتۈش زالى، بىلەت سېتىش زالى قاتارلىق ئادەملەر زىچ سورۇنلارنى تولۇق دېزىنفېكسىيە قىلدى، كۈندۈزىمۇ بۇ سورۇنلارنى توختىماي دېزىنفېكسىيە قىلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋوگزال ئىچىگە 40 تېببىي خادىم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋوگزالدىن چىققان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، قىزىش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق بىئارام بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلەر بايقالغان ھامان قالدۇرۇپ كۆزىتىش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. سىرتقى جايلاردىن ۋوگزالغا كەلگەن يولۇچىلارغا قارىتا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا نورمالسىزلىق ئەھۋالى بايقالغان ھامان، كېسەلنى كونترول قىلىش خادىملىرى ۋوگزال سۇپىسىغا چىقىپ بىر تەرەپ قىلدى.

شىنجاڭ تۆمۈريول تارمىقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭغا كىرگەنلەر زىچ بولىدىغان ئاساسلىق ۋوگزاللاردا، خىزمەتچى خادىملارغا ماسكا تارقىتىپ بېرىلدى، ۋۇخەن يۆنىلىشىدىن كەلگەن يولۇچىلارغا مەخسۇس يول تەسىس قىلىنىپ ھەم بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. تۆمۈريول تارماقلىرى پائال سەھىيە تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىش، بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۆمۈريولنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمالسىز بولغان يولۇچىلارنى بىرىنچى ۋاقىتتا ئايرىۋەتتى ھەم كېسەلنى تىزگىنلەش تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋوگزال، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، ياخشى تازىلىق مۇھىتىنى ساقلاپ، يېشىل يول تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جىددىي تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋوگزال ۋە پويىز رادىيوسى قاتارلىقلاردا مۇلازىمەت ئۇچۇرى ئېلان قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سەھىيە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتتى.

## مۇتەخەسسىسلەر: ساراسىمىگە چۈشمەي، ئىغۋاغا ئىشەنمەي، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ ئاسراش ئاچقۇچ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى بارغانسېرى كۆپ دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغىماقتا، مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق ئەسكەرتتى: ساراسىمىگە چۈشمەي، ئىغۋاغا ئىشەنمەي، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ ئاسراش ئاچقۇچ.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر مېدىتسىنا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سۈن شيەنلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، تىزگىنلىگىلى بولىدىكەن، ئاپتونوم رايونىمىز ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولۇپ، ئاممىنىڭ ئالاقزادە بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئاممىغا ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىك، ئىغۋا تارقاتماسلىقنى، لېكىن تەلەي سىناش خىيالىدا بولماي، ئۆزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ ئاسراش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ساغلام، خاتىرجەم چاغان ئۆتكۈزۈشنى ئەسكەرتىمىز.

«ئامال بار ئۆيدە ئولتۇرۇش، يىغىلىشنى ئازايتىش، ساياھەتكە بارماسلىق، ئادەم زىچ جايلارغا بارماسلىق كېرەك، بۇ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يۇقۇش يوللىرىنى ئازايتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، چۈنكى كېسەلنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى مەۋجۇت.» سۈن شيەنلى مۇنداق دېدى: «ۋۇخەندىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنلەردە ھېچقانداق كېسەل ئالامىتى كۆرۈلمىسىمۇ، ئاڭلىق ھالدا ئۆيدە ئايرىپ كۆزىتىلىشى كېرەك؛ ئەگەر قىزىش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق بىئاراملىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈشى كېرەك، قانچىكى بالدۇر بايقالسا، داۋالاش ۋاقتىنى شۇنچە ئۇتقىلى بولىدۇ».

سۈن شيەنلى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: چاغان مەزگىلىدە، ئامما ئەڭ ياخشىسى ئېلېكترونلۇق ھېيتلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە بەخت تىلەپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش نىسبىتىنى ئازايتىشى كېرەك. شەخسلەر ئالدىنى ئېلىش ـ ئاسراش جەھەتتە، قولنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرۇش، كۆپرەك ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئۆي ئىچى ھاۋاسىنىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىنى ساقلاش كېرەك.

ماسكىنى قانداق توغرا تاقاش كېرەك؟ «بىر قېتىملىق ماسكىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مېتال بۇرۇن قىسقۇچ بار بولۇپ، چوقۇم قىسىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇرۇن قىسقۇچ بىلەن بۇرۇن ئورنىنى ئۇدۇل كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن ھاۋا قاچۇرماسلىق كېرەك. ماسكىنى تاقىغاندىن كېيىن، ئىككى قولنىڭ باش بارمىقى، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن يايسىمان شەكىلدە ئېغىز ـ بۇرۇننىڭ ئىككى تەرىپىنى بېسىپ، يېپىق ھالەتتە سىناق قىلىپ، ئەتراپتىن ھاۋا قاچقان ـ قاچمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئالدىنى ئېلىش ـ ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ.» سۈن شيەنلى ماسكا بىر قېتىملىق ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم، تەكرار ئىشلەتمەسلىك كېرەك، دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆپچىلىك چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، يېڭى بىر يىلنى كۈتۈۋالدى. پاراڭلىشىش جەريانىدا، قارقىنبېكنىڭ بۇ يىل ئىسسىق قوتاننى كېڭەيتىپ ياساپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ياڭ شياۋدۇڭ ئۇنىڭغا ناھىيەنىڭ ئىسسىق قوتان ئۆزگەرتىش ـ سېلىش، يەم ـ خەشەك تېرىش، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاقىدار ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى چۈشەندۈردى. «بۇ بىر نەچچە يىلدا دۆلەتنىڭ سىياسىتى ناھايىتى ياخشى بولدى، بۇلتۇر بىر يىلدىلا مەن 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم، بۇ يىل يەنە سىياسەتكە تايىنىپ باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىمەن» دېدى قارقىنبېك.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى تۇغقانلاشقان كادىرلار ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسى خېيەن كەنتى لۇجيايۈەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش سورۇنى قىلىپ تاللىدى. پائالىيەت نەق مەيدانىدا شۇ كەنتتىن چىققان ياڭاق، ئالما ۋە چىلانلار تىزىلغان بولۇپ، خۇشال كۈلكە سادالىرى ياڭراپ تۇراتتى، بەزى تۇغقانلاشقان كادىرلار تۇغقانلىرى بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋىۋىسكىسى ئالدىدا سۈرەتكە چۈشتى، بەزى تۇغقانلاشقان كادىرلار تۇغقانلىرىدىن ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرگەن ـ كىرمىگەنلىكىنى ھەمدە بۇلتۇرقى كىرىم ئەھۋالىنى سورىدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۇ شىن قاتارلىق تۇغقانلاشقان كادىرلار مۇنداق بىلدۈردى: كەنت ئاھالىلىرى، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشلەپ، كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز كوپېراتىپنىڭ ياخشى تەشۋىقاتچىسى ۋە مۇلازىمەتچىسى بولۇپ، كوپېراتىپنى سۈپەتلىك ماركا يارىتىش، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش، ئادەم ئىشلىتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز.

(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، پەرىزات ئابدۇل، خەن چىنيەن، جاڭ تىڭ، جاڭ جىلى، گې يۈجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لىيۇ ياڭ يازغان)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تېز كېلىڭلار! جياۋزى تۈگىمىز!» دەپ چاقىرغان ھامان، كۆپچىلىك بەس ـ بەستە ئاشخانىغا كىرىپ، قوللىرىنى يۇيۇپ، پەرتۇق تارتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ تەشكىللىشىدە، ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن، قىيما قىلدى، خېمىر يۇغۇردى، جىلتە ئاچتى. كۈلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە، چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرگە تولغان تەخسە ـ تەخسە جياۋزىلار تۈگۈلدى.

سائەت 20گە يېقىنلاشقاندا، رەڭلىك لېنتا، شار، جۇڭگو تۈگۈچى قاتارلىق بېزەك بۇيۇملىرى ئېسىلغان ئاشخانىدا، مول چاغانلىق جەم بولۇش تامىقى تارتىلغان ئۈستەللەرگە ئامما كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە تەرتىپ بىلەن ئولتۇرۇشتى، شاد ـ خۇراملىققا تولغان مەنزىرە نامايان بولدى.

«ئون، توققۇز، سەككىز، يەتتە...» كۆپچىلىك تېلېۋىزوردىكى چاغانلىق بىرلەشمە كېچىلىك ئېچىش كېچىلىكى نەق مەيداندىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ۋاقىتنى تەتۈر ساناپ، چاشقان يىلىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋالدى. بىر پەس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، بايرام كەيپىياتى ئەۋجىگە چىقتى.

«بۇ ئالاھىدە چاغاننى بىز ناھايىتى ئىللىق، ناھايىتى بەختلىك ئۆتكۈزدۇق، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن كۈنلىرىمىزنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە تېخىمۇ ئىشەنچىمىز بار» بۇ قېتىمقى پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەشنىڭ مەركىزى بولغان شەكەركۆل بازىرى شەكەر كەنتىدىن كەلگەن كەنت ئاھالىسى مېھرىبانگۈل كېرەم تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت، ياردەم بەرگەن بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چاغىنىغا مۇبارەك بولسۇن! ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى تىلەيمەن!»




这两句诗描写了中国人除夕守岁的传统习俗。除夕之夜，举国欢庆，共度良宵。除夕的天山南北亦是万家团圆，欢乐祥和。各族群众举杯互致新年的问候，歌声与笑语齐飞，信心与希望同在。全面小康的绚丽图景就在不远的前方，新的一年，让我们只争朝夕，不负韶华，为了中华民族的千年梦想，万众一心加油干！

（沈雅屏）

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)